# «گوۋۇيۈەننىڭ ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى» بېسىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا گوۋۇيۈەن «گوۋۇيۈەننىڭ ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلقنىڭ ساغلاملىقى مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ئالدىنى ئېلىش ــ ئەڭ ئىقتىسادچىل، ئەڭ ئۈنۈملۈك ساغلاملىق تەدبىرى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى سەھىيە ۋە ساغلاملىق خىزمىتى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، شەخسنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سەھىيە ـ ساغلاملىق خىزمىتى ئىدىيەسى، مۇلازىمەت ئۇسۇلىدا كېسەل داۋالاشنى مەركەز قىلىشنى خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى مەركەز قىلىشقا ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، ساغلاملىق تەربىيەسى سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاممىنى توغرا ساغلاملىق قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، دەسلەپكى ئارىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ساغلاملىققا پايدىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت شەكىللەندۈرۈپ، ساغلام ئۆمۈرنى ئۇزارتىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىمە، تولۇق دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىش، ساغلام جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بىلىمنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ساپانى ئۆستۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىگە تەلەپچان بولۇپ، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرۈش، دەسلەپىدە ئارىلىشىپ، مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇم خەلق قاتنىشىپ، ئورتاق قۇرۇش، بەھرىلىنىش ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. 2022 ـ يىلىغا بارغاندا، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسەت سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ، ئومۇم خەلقنىڭ ساغلاملىق ساپاسى، سەۋىيەسى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈلۈپ، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى تېز كېڭەيتىلىدۇ. 2030 ـ يىلىغا بارغاندا، ئومۇم خەلق ساغلاملىق ساپاسى، سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللار ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىدۇ، ئېغىر، چوڭ سوزۇلما كېسەل كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بالدۇر ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىلىپ، ئوتتۇرىچە مۆلچەر ساغلام ئۆمۈر بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئۇزارتىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىق ساغلاملىق كۆرسەتكۈچى سەۋىيەسى يۇقىرى كىرىملىك دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ساغلاملىق ئادىللىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

«پىكىر»دە ئۈچ تەرەپتىكى جەمئىي 15 مەخسۇس ھەرىكەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، ئومۇم خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش، تاماكا چېكىشنى تىزگىنلەش، پسىخىكا ساغلاملىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارغا ھەر تەرەپلىمە ئارىلىشىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئانا ـ باللار، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئەمگەكچىلەر، ياشانغانلار قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، تولۇق ھاياتلىق دەۋرىيلىكى ساغلاملىقى قوغدىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسەللىرى، راك، سوزۇلما نەپەس سىستېمىسى كېسەللىرى، قەنت كېسىلىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك سوزۇلما كېسەل ھەمدە يۇقۇملۇق كېسەل، يەرلىك كېسەللەرگە قارىتا ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈچەيتىلىدۇ. ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، ئائىلە، شەخسلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، ئامما كېسەل بولماسلىق، ئاز كېسەل بولۇش ئىمكانىيىتىگە تىرىشىپ ئېگە قىلىنىپ، تۇرمۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلەت قاتلىمىدىن ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىش كومىتېتى قۇرۇپ، «ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتى(2019 ـ يىلىدىن 2030 ـ يىلىغىچە)»نى تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان 15 مەخسۇس تۈرلۈك ھەرىكەتنىڭ نىشانى، كۆرسەتكۈچى، ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيەت ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشكە بىرتۇتاش پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلىپ، كېسەللەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ باھالاشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەرنى كەڭ دائىرىدە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مالىيە بىلەن قوللاشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بايلىق سەپلەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا، ئۇچۇر تىرەكنى كۈچەيتىپ، قانۇن، قانۇن ـ نىزام سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات، يېتەكچىلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەت يەشمىسىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتى مەخسۇس تېما تور بېكىتى قۇرۇپ، ئۈنۈملۈك شەكىل ئارقىلىق ئاممىنى زۆرۈر ساغلاملىق بىلىملىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە يېتەكلەپ، ساغلام تۇرمۇش شەكلىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىللەش
كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

---

سەلتەنەتلىك 70 يىل  شانلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

# «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈزتۇرا نەزەر» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسى 2019 ـ يىللىق ئاممىباب نەزەرىيە ئوقۇشلۇقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈزتۇرا نەزەر»نى تەشكىللەپ يازدى. نۆۋەتتە، بۇ كىتاب ئۆگىنىش نەشرىياتى، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرلىشىپ نەشر قىلىندى.

بۇ كىتاب «نەزەرىيە قىزىق نۇقتىلىرىغا يۈزتۇرا نەزەر» يۈرۈشلۈكىدىكى ئەڭ يېڭى ئوقۇشلۇق بولۇپ، ئىزچىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلىپ، كادىرلار، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە مەركەزلىك جاۋاب بەردى. مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، بۇ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسى كۈچ تەشكىللەپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 70 يىلدا قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مۆجىزىسىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقى، جۇڭگو يولىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن قالالايدىغانلىقى قاتارلىق 12 مۇھىم، زور مەسىلىنى رەتلەپ چىققان. مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى يولداشلار ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملار بۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، مەركەزلىك ئارگىنال تەييارلاپ، تۈزىتىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەش ئاساسىدا كىتاب ئارگىنالىنى تاماملىغان.

بۇ كىتاب شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە زىچ باغلاپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيەۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ باغلاپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى، تارىخ بىلەن رېئاللىقنى، دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارانى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن بۇ مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق قىلىپ يېشىپ بەردى، شەرھلىدى، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرى نوپۇزلۇق، توغرا، تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ساپ، ئىخچام، شەكلى جانلىق، كۆپ خىل بولۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 70 يىلدىن بۇيانقى ئۇلۇغ مۇساپىسى، شانلىق مۇۋەپپەقىيىتى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ كىتابتا ھەم نېمە سۆزلەنگەن، ھەم نېمە ئۈچۈن سۆزلەنگەن، ھەم قانداق قاراش، ھەم قانداق قىلىش سۆزلەنگەن بولۇپ، كادىرلار، ئامما، ياشلار، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ۋەزىيەت، سىياسەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم قوشۇمچە ئوقۇشلۇق بولالايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە بولۇپ، جەزمەن پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىدىكى ئۇللۇق، دائىملىق خىزمەت قىلىش كېرەك. توغرا بولغان ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى تۇرغۇزۇشنى مۇھىم كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىرقانچە مىزاننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياخشى سىياسىي مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيەنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. جەزمەن مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدىغان قەتئىيلىك ۋە دادىللىق بىلەن، قەتئىي ھالدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيەمىزنى مەڭگۈ سۈپىتى ئۆزگەرمەيدىغان، مەڭگۈ رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان قىلىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئېسىل ئەخلاقنى تونۇپ، ئومۇمىي ئەخلاققا رىئايە قىلىپ، شەخسىي ئەخلاقنى چىڭىتىپ، پاك، تەلەپچان بولۇش، ھوقۇقنى پاك ئىشلىتىش، ئائىلىنى پاك باشقۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى، سىياسىي ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاش، سىياسىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش، سىياسىي خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتىن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2010 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش بەلگىلىمىسى» ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، «بەلگىلىمە»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتلىرى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ۋە پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە، تەشكىلات ـ كادىرلار ئىشلىرى، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش قاتارلىق نازارەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار «بەلگىلىمە»نى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ھوقۇقنى قانۇن بويىچە ئىشلىتىش، ھوقۇقنى ئادىل ئىشلىتىش، ھوقۇقنى پاك ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش بەلگىلىمىسى»دىكى ئومۇمىي پرىنسىپ، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش مەزمۇنى، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى يولغا قويۇش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى باھالاش، ئىقتىسادىي تەپتىش نەتىجىسىنى تەتبىقلاش، قوشۇمچە پرىنسىپ توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

بۇ بەلگىلىمە 2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 2010 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش بەلگىلىمىسى» بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

---

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي  بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بولۇش كېرەك

## ــ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك ئوبزور

**تيانشان مۇلاھىزىسى**

☐فەن خۇڭبى

«غالىبلار كۈچلۈك بولىدۇ، ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلەر ھەقىقىي باتۇر بولىدۇ.» بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى بىر ئادەم پەقەت باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي باتۇر ھېسابلىنىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بىر پارتىيەمۇ شۇنداق، پەقەت خاتالىقنى ئۈزلۈكسىز تۈزىتىپ، ئۆزىدىن ھالقىغاندىلا، ئاندىن كۈنسېرى قۇدرەت تاپالايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتەك ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، قايتا ئويلىنىپ، مەسىلىنى ھەقىقىي تېپىپ، يىلتىزنى چوڭقۇر قېزىپ، تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە ياخشىلاش تەدبىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈزىتىپ، مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشقا تەربىيەلەش كېرەك. باش شۇجىنىڭ سۆزى بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسىلىگە يۈزلىنىپ، سۆڭەكنى قىرىپ يارىنى داۋالايدىغان جاسارەت، ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادە بىلەن، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق مەسىلىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

پارتىيەمىزنىڭ تارىخى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش پارتىيەمىزنىڭ مەڭگۈ گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. ئەمما كۆپ ۋاقىتتا بىز يەنىلا «پىچاقنىڭ بىسى»نى ئۆزىگە قارىتىش ياكى سىرتقا قارىتىش مەسىلىسىدە گاڭگىراپ قالىمىز. مەسىلە كۆرۈلگەندە، زىددىيەت پەيدا بولغاندا، زادى تاشقى جەھەتتىن ئوبيېكتىپ سەۋەبنى ئىزدەش كېرەكمۇ؟ ياكى ئىچكى جەھەتتىن سۇبيېكتىپ سەۋەبنى ئىزدەش كېرەكمۇ؟ بەزى يولداشلار مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشتىن قورقىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ «ئوبرازى»غا زىيان يېتىشتىن قورقىدۇ، تېپىپ چىققان مەسىلە بىردەك ئوبيېكتىپ ئامىل بولىدۇ. پۇرسەت توغرا كەلمىدى، شارائىت ياخشى ئەمەس، تاسادىپىيلىق يۈز بەردى، دېگەندەك تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەب ۋە باھانىلەر بىلەن، ئۆزىنى پاك ـ پاكىز كۆرسىتىش ــ سۇبيېكتىپ جەھەتتىن سەۋەبنى ئىزدەشنى خالىماسلىقتۇر. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆزىنىڭ «مۇكەممەل، نۇقسانسىز»لىقىنى ساقلىيالايلا قالماي، ئەكسىچە «كىچىك مەسىلە چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ كېتىش، كىچىك تۇرۇبا يېرىلىپ كېتىشتىن چوڭ گۈمۈرۈلۈش كۆرۈلۈش»نى پەيدا قىلىپ، پارتىيەنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمايدۇ، خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن قالىدۇ.

ئىچكى سەۋەب شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ سەۋەبى. ھازىر، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس، جەزمەن كۈچلۈك بولغان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە ئاتلىنىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا مەسىلىگە توغرا قارايدىغان ئاڭلىقلىق ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەتتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتەك ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، مەسىلىنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىشتىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، مەسىلىنى توغرا تېپىپ، ھەقىقىي تەكشۈرۈپ، يىلتىزنى چوڭقۇر، تولۇق تەھلىل قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا سېلىشتۇرۇپ، ئىلغار تىپلارغا، ئەتراپتىكى ئۈلگىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ بىلەن، مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، قايتا ئويلىنىپ، مەسىلىنى ھەقىقىي تېپىپ، يىلتىزنى چوڭقۇر قېزىپ، تىرىشىش نىشانى ۋە ياخشىلاش تەدبىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈزىتىپ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، قول ئۇچىدا ئىش قىلىش، بىھۇدە ئاۋارە بولۇش، ئېغىردىن قېچىپ يېنىكىگە يۈگۈرۈش، ئەمەلىي ئىشتىن چەتنەپ قۇرۇق گەپ سېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك، يۇقىرى كۆرسەتكەن مەسىلىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تاپقان مەسىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، بەنزىنىڭ مەسىلىسىنى شەخسىي مەسىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، باشقىلارنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ مەسىلىسى ئورنىغا دەسسىتىشكە، خىزمەتتىكى كەسپىي مەسىلىنى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي مەسىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، كونا مەسىلىنى يېڭى مەسىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكىمۇ قەتئىي بولمايدۇ. پەقەت ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش جاسارىتى بىلەن، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، جاراھەتنى ئويۇپ سۆڭەكنى قىرىشقا ماھىر بولساقلا، ئاندىن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىمىزنى ساپلاشتۇرالايمىز، ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيمىز، ئۆزىمىزنى يېڭىلىيالايمىز، ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرەلەيمىز، ئاندىن تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇننىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيمىز، ئاندىن باشتىن ـ ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايمىز، ئاندىن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزالايمىز.

باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ روشەن خىسلىتى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. پەقەت باشتىن ـ ئاخىر پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە خاتالىقلارغا قارشى قەتئىي بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى قەتئىي، ئۆزۈل ـ كېسىل ھەل قىلغاندىلا، پارتىيەمىز ئاندىن كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى تىكلەپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا ئۆزىدىن ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا ئۈزلۈكسىز ھاياتىي كۈچ قوشالايدۇ.

---

# جۇڭگو ئىقتىسادى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلما داۋاملىق ئەلالاشقان. ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، 3 ـ كەسىپنىڭ ئېشىشىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپە نىسبىتى 60.3% بولۇپ، 2 ـ كەسىپنىڭكىدىن 23.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان. ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمال چىقىمى ئېشىشىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپە نىسبىتى 60.1% بولغان. بارلىق ئاھالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمال چىقىمىدا مۇلازىمەت ئىستېمالىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 49.4% بولۇپ، ئالدىنقى يىلىدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.6 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىگەن.

ماۋ شېڭيۇڭ يەنە مۇنداق بىلدۈردى: يەنە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ھازىر دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت يەنىلا مۇرەككەپ، كەسكىن، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى سەل ئاستىلىدى، تاشقى مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆپەيدى، دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىلىرى يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك، ئىقتىساد يېڭى تۆۋەنلەش بېسىمىغا دۇچ كەلمەكتە.